# پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ناماز ئوقۇش ئۇسۇلى

< uyghur - ئۇيغۇرچە - الأويغورية >

پەزىلەتلىك شەيخ ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى باز

تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھەممەد يۈسۈپ

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: نىزامىددىن تەمكىنى

# كيفية صلاة النبي صلى الله عليه وسلم

فضيلة الشيخ عبد العزيز بن عبد الله بن باز

ترجمة: محمد يوسف

مراجعة: نظام الدين تمكيني

## پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ناماز ئوقۇش ئۇسۇلى

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ناماز ئوقۇش ئۇسۇلى ھەققىدە توختالغان كىچىك بىر رىسالە بولۇپ، بۇنى بارلىق مۇسۇلمان قېرىنداشلار بىلەن ئورتاقلىشىشنى ئىختىيار قىلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «نامازنى مەن ئوقۇغاندەك ئوقۇڭلار» دېگەن. [بۇخارىي رىۋايىتى].

تۆۋەندە يۇقىرىقى ھەدىسنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ نامازنىڭ بايانى قىسقىچە بېرىلىدۇ:

### تاھارەت ئېلىش.

1ـ ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ ئاللاھ تائالا بۇيرۇغاندەك تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئايەتكە ئەمەل قىلىشى لازىم بولىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا قُمْتُمْ إِلَى الصَّلَاةِ فَاغْسِلُوا وُجُوهَكُمْ وَأَيْدِيَكُمْ إِلَى الْمَرَافِقِ وَامْسَحُوا بِرُءُوسِكُمْ وَأَرْجُلَكُمْ إِلَى الْكَعْبَيْنِ﴾ تەرجىمىسى: «ئى مۆمىنلەر! (سىلەر تاھارەتسىز بولۇپ) ناماز ئوقۇماقچى بولۇپ تۇرغىنىڭلاردا، يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، قولۇڭلارنى

جەينىكلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، بېشىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار.» [سۈرە مائىدە 6-ئايەت]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «تاھارەتسىز ئوقۇلغان ناماز قوبۇل قىلىنمايدۇ.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

## قىبلىگە يۈزلىنىش.

2- پەرز ياكى نەپلە ناماز بولسۇن نامازنى ئادا قىلىش نىيىتىنى قەلبىدىن كەچكۈزۈپ، كەئبە تەرەپكە پۈتۈن بەدىنى بىلەن يۈزلىنىدۇ. نامازنىڭ نىيىتىنى ئېغىز ئارقىلىق قىلمايدۇ، چۈنكى نامازدا ئېغىز بىلەن نىيەت قىلىش دىنىمىزدا يولغا قويۇلمىغان ئىشلارنىڭ تۈرىدىندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە سەھابە كىراملار نامازدا ئېغىز ئارقىلىق نىيەت قىلمىغانلىقى سەۋەبى بىلەن، باشقىلارنىڭ ئۇ ئىشنى ئىبادەت دەپ قىلىشى بىدئەت ھېسابلىنىدۇ. ئىمام بولسۇن ياكى يالغۇز ناماز قىلغۇچى بولسۇن، ئالدىغا توساپ تۇرغۇدەك بىر نەرسە قويۇپ ناماز ئوقۇشى كېرەك. ئەمما ئەھلى-ئىلىملارنىڭ كىتابلىرىدا مۇستەسنا قىلىنغان مەسىلىلەردىن باشقا ئەھۋاللاردا، قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈش نامازنىڭ شەرتلىرىدىن بىرىدۇر.

## ئېھرام تەكبىرى، تەكبىر بىلەن بىرگە ئىككى قولنى كۆتۈرۈش ۋە ئىككى قولنى كۆكسىنىڭ ئۈستىدە قويۇش.

3ـ ئاللاھۇ ئەكبەر دەپ نامازغا كىرىش تەكبىرىنى ئېيتقان ھالدا، كۆزى سەجدە قىلىدىغان جايدا بولىدۇ.

4ـنامازغا باشلاش تەكبىرىدە ئىككى قولنى قۇلاقلىرىنىڭ تۈۋگىچىلىك ياكى ئىككى دولىسىنىڭ باراۋىرىدە كۆتۈرىدۇ.

5ـ قىيامدا ئوڭ قولنى سول قولىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ مەيدىسىدە تۇتۇش. بۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سابىتتۇر.

## ناماز باشلاش دۇئاسى.

6ـ فاتىھەنى ئوقۇشتىن بۇرۇن بۇ دۇئانى ئوقۇش. ﴿سبحانك اللّٰهُمَّ وبحمدك وتبارك اسمك وتعالى جدك ولا اله غيرك﴾ نى ياكى ﴿ اللّٰهُمَّ باعد بيني وبين خطاياى كما باعدت بين المشرق والمغرب. اللّٰهُمَّ نقني من خطاياى كما ينقى الثوب الأبيض من الدنس. اللّٰهُمَّ اغسلني من خطاياى بالماء والثلج والبرد﴾ نى ئوقۇيدۇ. [بۇخارى رىۋايىتى 711ـھەدىس].

ئۇنىڭدىن باشقا پەيغەمبىرىمىزدىن سابىت بولغان ناماز باشلاش دۇئاسىنى ئوقۇسىمۇ بولىدۇ. ئەڭ ئەۋزىلى بىرقېتىم ئۇنى بىرقېتىم بۇنى ئوقۇشتۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن: (أَعوذُ بالله مِن الشَيطان الرجيم، بِسم الله الرحمن الرحيم) دەپ فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇيدۇ. بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇمىغان ئادەمنىڭ نامىزى دۇرۇس ئەمەس،» دېگەن. [بۇخارى رىۋايىتى 723-ھەدىس].

ئۇنىڭدىن كېيىن قىرائەت ئاۋازلىق ئوقۇلىدىغان نامازلاردا "ئامىن" نى ئۈنلۈك، قىرائەت ئىچىدە ئوقۇلىدىغان نامازلاردا "ئامىن" نى ئىچىدە دەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قۇرئاندىن سۈرىلەردىن خالىغان بىر سۈرىنى ئوقۇيدۇ. پېشىن، دىگەر ۋە خۇپتەن نامازلىرىدا فاتىھەدىن كېيىن ئۇزۇنلۇقى نورمال سۈرىلەرنى ئەۋزەلدۇر. بامدات نامىزىدا ئۇزۇنراق سۈرىلەرنى، شام نامىزىدا گاھىدا ئۇزۇن گاھىدا قىسقا سۈرىلەرنى ئوقۇش رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننەتلىرىگە ئۇيغۇندۇر.

## رۇكۇغا بېرىش ۋە ئۇنىڭدىن بېشىنى كۆتۈرۈش.

7- ئۇنىڭدىن كېيىن «اَللّٰهُ اَكْبَرْ» (ئاللاھۇ ئەكبەر ) دەپ تەكبىر ئېيتىپ ئىككى قولىنى ئىككى دولىسىنىڭ ياكى قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىنىڭ باراۋىرىدە كۆتۈرىدۇ ۋە رۇكۇغا

باردۇ. رۇكۇدا ئىككى قولى بىلەن ئىككى تىزىنى بارماقلىرىنى ئاچقان ھالەتتە تۇتۇپ باش بىلەن بەل قىسمىنى ئوخشاش تەكشىلىكتە ئېگىدۇ. رۇكۇدا ئۈچ قېتىم ياكى ئۇنىڭدىن كۆپراق ﴿سُبْحَانَ رَبِّيَ الْعَظِيْم﴾ (سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم) دەيدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ﴿سُبحانك اللّهُمَّ وبِحَمدك، اللّهُمَّ اغفر لي﴾ دېيىش مۇستەھەبتۇر. [بۇخارى رىۋايىتى].

8- رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە ﴿سَمِعَ اللهُ لِمَنْ حَمِدَه﴾ (سەمىئەللاھۇلىمەن ھەمىدەھ) دەپ ئىككى قولىنى ئىككى دولىسىنىڭ ياكى قۇلىقىنىڭ باراۋىرىدە كۆتۈرىدۇ. ئىمام بولسۇن ياكى يالغۇز ھالەتتە ناماز ئوقۇسۇن رۇكۇدىن تۈزۈپ بولغاندىن كېيىن ﴿رَبَّنَا وَلَكَ الْحَمْدُ﴾ (رەببەنا ۋەلەكەل ھەمدۇ ) دەيدۇ. ئەگەر بۇنى تولۇق دېسە ئەۋزەل: ﴿ربنا ولك الحمد حمدًا كثيرًا طيباءمباركًا فيه ملء السماوات وملء الأرض وملء ما بينهما وملء ما شئت من شيء بعد﴾ [مۇسلىم رىۋايىتى].

## سەجدىگە بېرىش ۋە ئۇنىڭدىن بېشىنى كۆتۈرۈش.

9- ئۇنىڭدىن كېيىن «اَللّٰهُ اَكْبَرْ» (ئاللاھۇ ئەكبەر ) دەپ تەكبىر ئېيتىپ سەجدىگە باردۇ. سەجدە قىلىشتا قېيىن

كەلمىسە ئىككى تىزىنى ئاۋۋال يەرگە قويىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن قوللارنى قويىدۇ. ئەگەر بۇنداق قىلىش قىيىن كەلسە، ئاۋۋال ئىككى قولىنى كېيىن ئىككى تىزىنى يەرگە قويۇپ، پۇت ۋە قوللىرىنىڭ بارماقلىرىنى قىبلىگە قارىتىپ قول بارماقلىرىنى جەملىگەن هالدا يەتتە ئەزاسى بىلەن سەجدە قىلىدۇ. ئۇلار: پېشانە بىلەن بۇرۇن، ئىككى قول، ئىككى تىز ۋە ئىككى تاپاندۇر. سەجدىدە يەنە ئۈچ قېتىم: ﴿سُبْحَانَ رَبِّيَ الأَعلى﴾ (سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا) دەيدۇ. سەجدىدە بۇ زىكرنى ئۈچ قېتىم ياكى ئۇنىڭدىن كۆپراق دېيىش سۈننەتتۇر. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە: ﴿سبحانك اللّٰهُمَّ ربنا وبحمدك، اللّٰهُمَّ اغفر لي﴾ دېيىش مۇستەھەبتۇر. سەجدىدە دۇئانى كۆپ قىلىش ياخشىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «رۇكۇدا رەب سۇبھانەھۇ ۋەتەئالىنى ئۇلۇغلاڭلار، ئەمما سەجدىدە دۇئانى كۆپ قىلىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىڭلار.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

ئاللاھ تائالادىن، ئۆزىگە ۋە باشقا مۇسۇلمانلارغا ياخشىلىق تىلەيدۇ. مەيلى ناماز پەرز ناماز بولسۇن ياكى نەپلە بولسۇن ئۇنىڭدا دۇئانى كۆپ قىلىش ياخشىدۇر. سەجدىدە ئىككى تىزنى قوساقتىن يىراقراق تۇتىدۇ. ئىككى جەينەكنى يەردىن ئۈستۈن كۆتۈرگەن هالدا سەجدە

قىلىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سەجدىدە بەدەنلىرىڭلانى تۈز تۇتۇڭلار، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن بىرەر كىشى ئېشەك ياتقاندەك بىلەكلىرىنى يەرگە قويمىسۇن.» [بۇخارى رىۋايىتى].

10- سەجدىدىن «اَللّٰهُ اَكْبَرْ» دەپ تەكبىر بىلەن تۇرىدۇ. سول پۇتىنى يېيىپ، ئوڭ پۇتىنى تىكلەپ ئولتۇرىدۇ. ئىككى قولىنى ئىككى تىزى ئۈستىدە تۇتىدۇ ۋە: ﴿رَبِّ اغفِرلِي، وَارْحَمْنِي وَاهدني وارزقْنِي وَعافِنِي وَاجْبُرْنِي﴾ تەرجىمىسى: «ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى ئەپۇ قىلغىن، ماڭا رەھىم قىلغىن، مېنى ھىدايەت قىلغىن، ماڭا رىزىق بەرگىن، مېنى سالامەت قىلغىن ۋە تائىتىڭگە مۇيەسسەر قىلغىن» دېگەن دۇئانى ئوقۇش ئەۋزەلدۇر. بۇ ئولتۇرۇشتا پۈتۈن ئەزالار ئۆز ئورنىغا چۈشۈپ بولغىچىلىك ئالدىرىماستىن ئولتۇرۇش لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلاتتى. [تىرمىزى رىۋايىتى].

11-«اَللّٰهُ اَكْبَرْ» دەپ ئىككىنچى سەجدىگە بېرىپ يەنە بىرىنچى سەجدىدە قىلغان ئىشلارنىڭ ئۆزىنى قىلىدۇ.

12- سەجدىدىن كېيىن يەڭگىل ئولتۇرۇپ ئۆرنىڭدىن كېيىن ئورنىدىن تۇرىدۇ. بۇ ئولتۇرۇشنى راھەت ئېلىش ئولتۇرۇشى دەپ ئاتايدۇ. ئەگەر ئىككىنچى سەجدىدىن كېيىن ئولتۇرماستىنلا قىيامغا تۇرسىمۇ بولاۋېرىدۇ.

ئۈنىڭدىن كېيىن تىزىغا تايىنىپ تۇرۇپ ئورنىدىن تۇرىدۇ، ئەگەر قىيىن بولاپ قالسا يەرگە تايىنىپ ئورنىدىن تۇرىدۇ. ئۈنىڭدىن كېيىن سۈرە پاتىھەنى ۋە خالىغان سۈرىلەرنى ئوقۇيدۇ. شۇنداقلا بىرىنچى رەكئەتتە قانداق قىلغان بولسا ئىككىنچى رەكئەتتىمۇ شۇنداق قىلىدۇ.

## ئىككى رەكئەتلىك نامازدا تەشەھھۇدتا ئولتۇرۇشنىڭ ئۇسۇلى.

13ـ ئەگەر ناماز بامدات، جۈمە ۋە ھېيت نامازلىرىغا ئوخشاش ئىككى رەكئەتلىك ناماز بولسا، ئىككىنچى رەكئەتنىڭ سەجدىسىدىن كېيىن ئوڭ پۇتنى تىك تۇتۇپ، سول پۇتنى ياتقۇزۇپ بېسىپ ئولتۇرىدۇ. ئىككى قولىنى ئىككى تىزىنىڭ ئۈستىگە ئەركىن قويۇپ، كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئاللاھنىڭ ۋەھدانىيىتىگە ئىشارەت قىلىدۇ ۋە تۆۋەندىكى تەشەھھۇد دۇئاسىنى ئوقۇيدۇ: ﴿ اَلتحِياتُ لِلهِ وَالصلواتُ وَالطيباتُ. اَلسلامُ عليكَ اَيها النبِي وَرَحمة اللهِ وَبرَكاته. اَلسلامُ علينا وَعلى عِبادِ اللهِ الصالِحين. اَشهد اَنْ لا اِله اِلا الله وَاَشهد اَنّ محمداً عبدهُ وَرَسوله.﴾ تەرجىمىسى: «ئىبادەتلەر ئاللاھ ئۈچۈندۇر، سالام ۋە دۇرۇتلار ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە بەرىكىتى سىزگە بولسۇن ئى ھۆرمەتلىك پەيغەمبەر. ئامانلىق بىزگە ۋە ئاللاھنىڭ ياخشى بەندىلىرىگە بولسۇن. ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ

يوقلۇقتا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە بەرھەق ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن.» [بۇخارىي رىۋايىتى]. (ئەتتەھىييياتۇ لىللاھى ۋەسسەلەۋاتۇ ۋەتتەييىباتۇ ئەسسالامۇ ئەلەيكە، ئەييۇھەننەبىييۇ ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەركاتۇھۇ ئەسسالامۇ ئەلەينا ۋەئەلا ئىبادىللاھىسسالىھىين. ئەشھەدۇ ئەن لائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋە ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋە رەسۇلۇھۇ). ئۇنىڭدىن كېيىن: ﴿اللَّهُمَّ صل على محمد وعلى آل محمد كما صليت على إبراهيم وآل إبراهيم إنك حميد مجيد. اللَّهُمَّ وبارك على محمد وعلى آل محمد كما باركت على إبراهيم وآل إبراهيم إنك حميد مجيد﴾ (ئەللاھۇممە سەللى ئەلا مۇھەممەدىن ۋەئەلا ئالى مۇھەممەدىن كەما سەللەيتە ئەلا ئىبراھىيمە ۋەئەلا ئالى ئىبراھىيمە ئىننەكە ھەمىيدۇن مەجىيد. ئاللاھۇممە بارىك ئەلا مۇھەممەدىن ۋە ئەلا ئالى مۇھەممەدىن كەما بارەكتە ئەلا ئىبراھىيمە ۋە ئەلا ئالى ئىبراھىيمە ئىننەكە ھەمىيدۇن مەجىيد). [بۇخارىي رىۋايىتى 797-ھەدىس].

ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھقا سېغىنىپ تۆۋەندىكى تۆت نەرسىدىن پاناھ تىلەيدۇ: ﴿اللَّهُمَّ إني أعوذ بك من عذاب جهنم ومن عذاب القبر ومن فتنة المحيا والممات ومن فتنة المسيح الدجال﴾ تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ساڭا يالۋۇرۇپ قەبرە ئازابىدىن ۋە جەھەننەم ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن، دەججالنىڭ

پىتنىسىدىن، ھاياتلىق ۋە ماماتلىقنىڭ پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

پەرز ياكى سۈننەت ناماز بولسۇن ئاللاھ تائالادىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقىنى تىلەيدۇ. ئاتا-ئانا ۋە مۇسۇلمانلارغا خالىغانچە دۇئا قىلسا بولىدۇ. يۇقىرىقىلار ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئوڭ ۋە سول تەرەپكە: «السلام عليكم ورحمة الله» (ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ) دەپ ئوخشاش سالام بېرىدۇ.

## ئۈچ ۋە تۆت رەكئەتلىك نامازلاردا تەشەھھۇدتا ئولتۇرۇشنىڭ ئۇسۇلى.

14- ئەگەر شام نامىزىغا ئوخشاش ئۈچ رەكئەتلىك ياكى پېشىن، دىگەر ۋە خۇپتەن نامازلىرىغا ئوخشاش تۆت رەكئەتلىك نامازلار بولسا، يۇقىرىقى تەشەھھۇد دۇئالىرىنى ئوقۇپ بولۇپ، تىزىغا تايىنىپ ئورنىدىن تۇرىدۇ ۋە ئىككى قولىنى دولىسىنىڭ باراۋىرىدە ياكى قۇلىقىنىڭ باراۋىرىدە «اَللّٰهُ اَكْبَرْ» دەپ كۆتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىلگىرى بايان قىلغىنىمىزدەك ئىككى قولىنى كۆكسىنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ ۋە سۈرە پاتىھەنىلا ئوقۇيدۇ. ئەگەر پېشىن نامىزىنىڭ ئۈچۈنچى ۋە تۆتىنچى رەكئەتلىرىدە پاتىھەدىن كېيىن سۈرە ئوقۇپ سالسا ھېچگەپ بولمايدۇ. شام نامىزىدا ئۈچ رەكئەتتىن كېيىن، پېشىن، ئەسىر ۋە خۇپتەن

نامازلـىرىـدا تـۆت رەكـئەتـتـىـن كـيـيـىن خـۇددى ئـىككـى رەكئەتلىك نامازنىڭ ئۇسۇلىدا بايان قىلىنغاندەك ئـولتۇرۇپ تەرەپلەرگە "ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ" دەپ سالام بېرىدۇ.

نامازدىن سالام بېرىپ بولغاندىن كىيىن: «أَسْتَغفِرُ الله» نى ئـۈچ قېـتـىـم دەپ، ئـاللاھـتـىـن مـەغـپـىـرەت تـىـلـەيـدۇ. ئۇنىڭدىن كيين: ﴿اَللَهمِّ اَنْتَ السِّلاَمُ، وَ مِنْكَ السَلاَمُ، تَبارَكْتَ يـاَذَا الجَلاَلَ وَالإِكْـرامُ﴾ تەرجىمىسى: «ئى ئـاللاھ! سـەن تىنچلىق بەرگۈچىسەن، تىنچلىق زادى سېنىڭدىن. ئى ئۇلۇغلۇق ۋە پەزلى ـ كەرەم ئىگىسى بولغان ئاللاھ! سـەن ھەقـقـەتەن كاتتىلارنىڭ كاتتىسىسەن.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

﴿لاَإِلهَ إِلاَّ اللهُ وَحْدَهُ لاَشَرِيْكَ لَهُ، لَهُ المُلْكُ ولَهُ الحَمْدُ وَهُـوَ عَلى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ . اللَّهمَّ لاَ مَانِعُ لِمَا أعْطَيْتَ، وَلاَمُعْطِيَ لِمَا مَنَعْتَ، وَلاَيَنْفَعُ ذا الجَدِّ مِنْكَ الجَدُّ، لاحَوْلَ ولا قُوَّةَ إلا بالله، لا إِلهَ إلا الله ولاَ نَعْبُدُ إِلَّا إِيَّاهُ، لَهُ المَنُّ، وَلَهُ النِّعْمَةُ، وَلَهُ الفَضْلُ وَلَهُ الثناءُ الحَسَـنُ، لَا إِلهَ إِلَّا اللهُ مُخْلِصِـينَ لَهُ الدِّيـنَ، ولَـوْ كَـرِهَ الْكَافِـرُونَ﴾ تەرجىمىسى: «بىر ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ يالغۇزدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. ئۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئىگىسىدۇر. بارلىق مەدھىيەلەر ئۇنىڭ ئۈچۈندۇر. ئۇ ئاللاھ

ھەممە نەرسىگە قادىردۇر. ئى ئاللاھ! سەن ئاتا قىلغاننى توسىۋالغۇچى يوق، سەن توسقاننى بەرگۈچى يوق، سېنىڭ دەرگاھىڭدا بايلارنىڭ بايلىقى ئەسقاتمايدۇ. بىر ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ يالغۇزدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە ھەمدۇسانالار ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر. كۈچ ـ قۇۋۋەت پەقەت ئاللاھتىندۇر. بىز پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىمىز، ئۇ نېمەت ۋە پەزىلى ـ كەرەم ئىگىسىدۇر، ئۇ ئەڭ ئېسىل ھەمدۇسانالارغا لايىقتۇر. ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي مەبۇد يوقتۇر. كاپىرلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ بىز ئىبادەتنى يەككە-يېگانە ئاللاھقا خالىس قىلىمىز.» [بۇخارىي رىۋايىتى].

ئۇنىڭدىن كېيىن: 33 قېتىم تەسبىھ ئېيتىدۇ (يەنى سۇبھانەللاھ دەيدۇ). 33 قېتىم ھەمدى ئېيتىدۇ (يەنى ئەلھەمدۇ لىللاھ دەيدۇ). 33 قېتىم تەكبىر ئېيتىدۇ (يەنى ئاللاھۇ ئەكبەر دەيدۇ). ئەڭ ئاخىرىدا: ﴿لَاإِلَهَ إِلاَّ اللهُ وَحْدَهُ لاَشَرِيْكَ لَهُ، لَهُ المُلْكُ ولَهُ الحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ﴾ دەيدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئايەتۇل كۇرسى، قۇل ھۇۋەللاھۇ ئەھەد، قۇل ئەئۇزۇ بىرەببىل فەلەق، قۇل ئەئۇزۇ بىرەببىنناس قاتارلىق سۈرىلەرنى ئوقۇيدۇ: ﴿اللَّـهُ لَا إِلَـٰهَ إِلَّا هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ لَا تَأْخُذُهُ سِنَةٌ وَلَا نَوْمٌ لَّهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا

فِي الْأَرْضِ مَن ذَا الَّذِي يَشْفَعُ عِندَهُ إِلَّا بِإِذْنِهِ يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ وَلَا يُحِيطُونَ بِشَيْءٍ مِّنْ عِلْمِهِ إِلَّا بِمَا شَاءَ وَسِعَ كُرْسِيُّهُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ وَلَا يَئُودُهُ حِفْظُهُمَا وَهُوَ الْعَلِيُّ الْعَظِيمُ﴾ تەرجىمىسى: بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر. ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن. ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى (يەنى دۇنيادا قىلغان)، كەينىدىكى (يەنى ئۇلار ئۇچۇن ئاخىرەتتە تەييارلىغان) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ مەلۇماتىدىن ئاللاھ ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بىلدۈرگەن نەرسىلەردىن) باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ، ئاللاھنىڭ كۇرسى (مەلۇماتى) ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاسمان ـ زېمىننى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئۇ يۇقىرى مەرتىۋىلىكتۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر.» [سۈرە بەقەرە 255ـ ئايەت].

﴿قُلْ هُوَ اللَّهُ أَحَدٌ . اللَّهُ الصَّمَدُ . لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ . وَلَمْ يَكُن لَّهُ كُفُوًا أَحَدٌ﴾ تەرجىمىسى: «ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى، ئۇ ـ ئاللاھ بىردۇر . ھەممە ئاللاھقا موھتاجدۇر . ئاللاھ بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس . ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ .» [سۈرە ئىخلاس].

﴿قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ الْفَلَقِ . مِن شَرِّ مَا خَلَقَ . وَمِن شَرِّ غَاسِقٍ إِذَا وَقَبَ . وَمِن شَرِّ النَّفَّاثَاتِ فِي الْعُقَدِ . وَمِن شَرِّ حَاسِدٍ إِذَا حَسَدَ﴾ تەرجىمىسى: «مەخلۇقاتنىڭ شەررىدىن، قاراڭغۇلۇقى بىلەن كىرگەن كېچىنىڭ شەررىدىن، تۈگۈنلەرگە دەم سالغۇچى سېھىرگەرلەرنىڭ شەررىدىن، ھەسەتخورنىڭ ھەسەت قىلغان چاغدىكى شەررىدىن سۈبھىنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن، دېگىن.» [سۈرە فەلەق].

﴿قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ النَّاسِ . مَلِكِ النَّاسِ . إِلَٰهِ النَّاسِ . مِن شَرِّ الْوَسْوَاسِ الْخَنَّاسِ . الَّذِي يُوَسْوِسُ فِي صُدُورِ النَّاسِ . مِنَ الْجِنَّةِ وَالنَّاسِ﴾ تەرجىمىسى: «ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى، ئىنسانلارنىڭ پادىشاھى، ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى ئاللاھقا سېغىنىپ، كىشىلەرنىڭ دىللىرىدا ۋەسۋەسە قىلغۇچى جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان يوشۇرۇن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن، دېگىن.» [سۈرە ناس].

يۇقىرىدىقى ئۈچ سۈرىنى بامدات ۋە شام نامىزىدىن كېيىن ئۈچ قېتىمدىن ئوقۇش توغرىسىدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ھەدىسلەر بايان قىلىنغان بولۇپ، نامازدىن كېيىن ئوقۇيدىغان زىكرلەرنىڭ ھەممىسى پەرز ئەمەس بەلكى سۈننەتتۇر.

نامازنىڭ سۈننەتلىرى بولسا؛ پېشىننىڭ پەرزىدىن بۇرۇن تۆت رەكئەت سۈننەت، پەرزدىن كېيىن ئىككى رەكئەت سۈننەت ئوقۇلىدۇ. شام نامىزىنىڭ پەرزىدىن كېيىن ئىككى رەكئەت سۈننەت ئوقۇلىدۇ. خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن ئىككى رەكئەت سۈننەت ئوقۇلىدۇ. جەمئىي 12رەكئەت سۈننەت نامىزى ئوقۇلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ نامازلارنى مۇقىم ۋاقىتلىرىدا تەرك قىلمىغان، ئەمما سەپەر ئۈستىدە سۈننەت نامازلاردىن بامداتنىڭ سۈننىتى ۋە ۋىتىر نامىزىدىن باشقا سۈننەت نامازلارنى ئوقۇمىغان. بەش ۋاخ نامازنىڭ پەرزلىرىنى مەسچىتتە جامائەت بىلەن ئوقۇش ناھايىتى مۇھىم بولغىنىدەك، بۇ نامازلارنىڭ سۈننەتلىرىنى ۋە ۋىتىر نامىزىنى ئۆيدە ئوقۇش ئەۋزەلدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «پەرزدىن باشقا نامازلارنى ئۆيدە ئوقۇش ئەۋزەلدۇر» دەپ كۆرسەتكەن. [بۇخارى رىۋايىتى].

بەش نامازنىڭ سۈننەتلىرىنى كەم قىلماي ئوقۇش جەننەتكە كىرىشنىڭ سەۋەبلىرىدىندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «كىمكى ھەر كۈنى ئون ئىككى رەكئەت سۈننەت ئوقۇسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا جەننەتتە بىر قەسىر تەييارلايدۇ.» [تىرمىزى رىۋايىتى].

ئاللاھ تائالا ھەممىمىزگە ھىدايەت ئاتا قىلىپ، ياخشىلىقتا مۇيەسسەر قىلسۇن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە- تاۋابىئاتلىرىغا، سەھابە كىراملارغا ۋە قىيامەتكىچە ھەقىقەتتە ئۇلارغا ئەگەشكۈچىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن. ئامىن...